## 65506 ـ ئۆلار كىشىلەرنىڭ مەسچىدكە كىرىشىگە قىزىقىپ ، ئەر‑ئاياللارنىڭ ئارلىشىپ كىتىشىگە يول قويۇۋاتىدۇ.

---

### سۇئال

رامىزان مەزگىلى مەسچىتىمىزدە ئىپتاردىن بىر ئاز بۇرۇن ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئارلىشىپ كىتىشى يۈز بىرىدۇ . بۇ ئىش نەچچە يىلدىن بىرى داۋاملىشىۋاتىدۇ . مەسچىت باشقۇرغۇچىلار ئەگەر ئۆلار كىشىلەرگە قىلماقچى بولغىنىنى قىلغىلى قويمىسا ، ئۆلارنىڭ مەسچىتكە كەلمەيدىغانلىقىنى بانا قىلىشتى . يەنە تىخى ، تەراۋىيھتا يۈز بىرىدىغان بىر نەچچە بىدئەتلەر بار ، مەسىلەن : ئۆلار تەراۋىيھنىڭ ھەر تۆت رەكئىتىدىن كيىن تەسبىيھ ئىيتىدۇ . بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۆچۈن سىلەرنىڭ ماڭا كۆرسىتىدىغان قانداق نەسىھەتىڭلار بار ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىرىنچى :
ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ئۆز‑ئارا ئارلىشىپ كىتىشى ھارام . چۈنكى ئۇ نۇرغۇن سەلبى ئاقىۋەتلەرنى ۋە ھارام ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . 1200‑سۇئالنىڭ جاۋابىدا ئارلىشىپ كىتىشنىڭ چەكلىنىشىدىكى دەلىلەر ئوتتۇرغا قويۇلۇپ بولدى .
ئارلىشىپ كىتىش ھەر بىر ۋاقىت ۋە ھەربىر ئورۇندا چەكلەنگەنىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ ئىش رامىزان ئىيىدا مەسچىدلەردە يۈز بەرسە چەكلىنىش تىخمۇ تەكىتلىنىدۇ . چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش ۋە ئۇلارنى بۇزۇق ، رەزىل ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەشتىن ئىبارەت مەسچىتلەرنىڭ قۇرلىشىدىكى شەرئەت مەقسەتلىرىگە زىت . ھەمدە ئۇ تەقۋالىققا ئىرىشىش ، نەپس خاھىشلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت روزا تۇتۇشتىكى ھىكمەتكە زىت .
بارلىق مەسچىت كىشىلىرىنىڭ بۇ يامان ئىشنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇنى يوقۇتۇشقا تىرىشىشى ۋاجىپ . مەسچىتنى باشقۇرغۇچىلار بۇنىڭغا ئالاھىدە مەسئۇل .
ھىچكىمنىڭ ئۆز‑ئارا ئارلىشىپ كىتىشىنى مەنئى قىلساق ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەسچىتكە كەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ بۇ ياماننى ئىشنى ئاقلاشقا ياكى ئۇنىڭغا سۈكۈتتە تۇرىشىغا بولمايدۇ . بۇ بىر نەچچە جەھەتتىن رەت قىلىنىدۇ :
1‑ ياماننى ئىشنى ئىنكار قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن سۈكۈتتە تۇرۇش گۇناھ . پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تىرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) : سىلەردىن كىمكى بىر ياماننى ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن ، ئەگەر قىلالمىسا تىلى بىلەن بولسۇن ، ئەگەر قىلالمىسا دىلى بىلەن بولسۇن . ھەمدە ئۇ ئەڭ ئاجىز ئىمان . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 48 ]

ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ مەسچىتكە كىلىشى ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا سەۋەپ بولۇشىنى خالىمايدۇ .

2- مەسچىتنىڭ ئوينايدىغان ئەڭ مۇھىم رولى- كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش ، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش . شۇڭا مەسچىتنى باشقۇرغۇچىلار كىشىلەرگە ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كىتىشنىڭ هارامىلىقىنى چۈشەندۈرىشى ھەمدە ئۇنى قىلىشتىن توختىتىشى كىرەك .

3- بۇ كىشىلەر مەسچىتكە ھەرگىز كەلمەيدۇ دىيىش پەقەتلا پەرەز . ھەتتا بىز شۇنداق بولىدۇ دەپ پەرەز قىلساق ، ئالىملار ئارىسىدىكى قارالما شۇكى ، يامان ئىشتىن ساقلىنىش ياخشى ئىشنى پەيدا قىلىشتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ .

4- ئاياللارنىڭ ئىپتاردىن بۇرۇن يىغىلىشى ئۈچۈن ئايرىم جاي قۇرۇلسا بولىدۇ ، ئۇ مەيلى مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ، ياكى سىرتىدا، چىدىردا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىدە بولسۇن . ھەمدە ئۇلارغا كىرەكلىك پروگىراممىلار ۋە پايدىلىق ئىشلار تەمىنلەنسە بولىدۇ ، ھەمدە ئۇ ئاياللارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بولۇشى كىرەك .

5- دەۋەت قىلغۇچى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋە ئۇنى تۈزەشكە كۈچ چىقىرالايدىغان بولۇشى ، ئىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى ،ياكى ئۇنى ئاقلاشقا ئىزدەنمەسلىكى كىرەك .

ئارىلىشىپ كىتىش بولسا بىز ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن پەيدا بولغان بىر مەسىلە . ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چوقۇم كۈچ چىقىرلىشى كىرەك . ئەگەر بىرىنچى قەدەم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدە ئىلىنمىسا ، ئۇنداقتا قەيەردىن باشلايمىز ؟!

سىز مەسئۇل كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا بىر نەچچە قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن خىزمەت ئىشلەڭ ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ يىغىلىشىغا مۇۋاپىق جاي ھازىرلىشىغا ، ھەمدە ئاياللارغا مۇۋاپىق كىلىدىغان پروگىراممىلارنى ھازىرلىشىغا ياردەملىشىڭ .

ئاللاھتىن تىرىشچانلىقلىرىڭىزنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ۋە ئوڭۇشلۇق قىلىشىنى سورايمىز .

ئىككىنچى :

تەراۋىيھنىڭ ھەر تۆت رەكىتىدىن كىيىن تەسبىيھ ئېيتىش ھەققىدىكى سۆزىڭىزگە كەلسەك ، بىز ئۇنى 50718- سۇئالنىڭ جاۋابىدا ئۇنىڭ قىلماسلىققا تىگىشلىك بىر بىدئەتلىكىنى بايان قىلدۇق .

پىشىۋا ئىبنۇ باز ( ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) دىن:

تەراۋىيھنىڭ رەكەتلىرى ئارلىقىدا پەيغەمبەرگە ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىقىنى سوراپ ھەمدە ئاللاھنىڭ توغرا يوللۇق خەلىپىلەردىن رازى بولۇشىنى تىلەپ ئاۋازىمىزنى كۆتۈرشىمىزنىڭ ھۆكمى نىمە ؟ دەپ سورالغاندا ، ئۇ جاۋاپ بىرىپ مۇنداق دىگەن : " بىلىشىمىزچە ، شەرىئەتتە ئۇنىڭغا ئاساس يوق ، بەلكى ئۇ بىر بىدئەت ھەمدە قىلىنماسلىقى كىرەك . بۇ ئۇممەتنىڭ كيينكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىشلىرىنى پەقەت دەسلەپكى ئەۋلادلارنىڭ ئىشلىرىنى تۈزىگەن نەرسىلا تۈزىيەلەيدۇ ، ئۇ بولسا قۇرئان ۋە سۈننەتكە ، ھەمدە بۇ ئۇممەتنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىش ، ھەمدە ئۇنىڭغا زىت نەرسىلەردىن ساقلىنىش . "

تۆگىدى .

[ ئىبنۇ باز فەتۋالار توپلىمى ، 11369 ]

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .